## 49012 ـ پەرز تاۋاپنى تەرك قىلغان كىشى توغرىسىدا

### سۇئال

مەن دەسلەپتە قىلغان تاۋاپ كۈپايە قىلىدىغۇ دەپ ئويلاپ ئەرەپاتتىن قايتقاندىن كېيىن پەرىز تاۋاپنى قىلماپتىمەن، ئەمدى قانداق قىلىشىم كېرەك؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "تاۋاپۇل ئىپادە بولسا ھەجنىڭ ئاساسلىرىدىن بىرى بولۇپ بۇ ئادا قىلىنمايدىكەن ھەج تامام بولمايدۇ، ئەگەر پەرز تاۋاپنى قىلمىسا قىلغان ھەججى ھەج بولمايدۇ، ئۇ كىشى گەرچە ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەتكەن بولسىمۇ چوقۇم مەككىگە قايتىپ كېلىپ پەرز تاۋاپنى ئادا قىلىشى كېرەك بولىدۇ، پەرز تاۋاپنى ئادا قىلمىغان ھالەتتە ئېھرامدىن تولۇق چىققان ھېسابلانمايدۇ، ئايالى بىلەن جىنسى مۇناسىۋەت قىلىشمۇ توغرا بولمايدۇ، ئەگەر تەمەتتۇ ھەج قىلغان بولسا پەرز تاۋاپ بىلەن ساپا ـ مەرۋىدە سەئيى قىلغاندىن كېيىن، قىران ياكى يالغۇز ھەج قىلغان بولسا، دەسلەپتە كەلگەندە قەدەم تەشرىپ قىلىش تاۋاپىدىن كېيىن سەئيى قىلمىغان بولسا، ئەرەپاتتىن قايتىپ پەرز تاۋاپنى ۋە سەئيىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن تولۇق ئېھرامدىن چىققان بولىدۇ".